# 60 ياشتا ئويلىغانلىرىم

نۇرمۇھەممەت توختى

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2007-يىل 2-سان

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

# تارىخ ئۆزگەرسۇن

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بىر يەكشەنبىدە، بازار ئارىلاپ قالدىم. كۆپ نەرسىنى كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما دىققىتىم بەكرەك تاۋارلارنىڭ باھاسىغا مەركەزلەشتى. دىققەت قىلدىمكى، زاۋۇت-كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى كارتوچكىلارغا يېزىلىپ، تاۋارلارنىڭ ئۆزىگە ئېسىپ قويۇلىدىكەن. دېھقانلار ساتقىلى ئەكىرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يېزىپ قويۇلمايدىكەن. شۇ چاغدا، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىققىلى بولمىغانلىقتىن ياكى دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، شارائىتى ئىمكان بەرمىگەنلىكتىن يېزىپ قويۇلمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغىنىم يادىمدا. «چارىكى نەچچە پۇل؟» دېگەن سوئالىمغا بۇغداي-قوناق ساتىدىغانلار، گۈرۈچ-تېرىق ساتىدىغانلار، گۆلە-قاق، چامغۇر-تۇرۇپ، سەۋزە-موكچامغۇر (ياڭيۇ) ساتىدىغانلار «چاغلاپ ئالسىلا...» دەپ جاۋاب بېرىشكەندى ئوخشاشلا. ئات-كالا، قوي-ئۆچكە، توخۇ-ئۆردەك ساتىدىغانلارمۇ «چاغلاپ ئالسىلا...» دەپ قاراپ تۇرۇشقانتى ئوخشاشلا دېيىشۋالغاندەك. ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قىممىتىگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن بېرىلگەن ئاشۇ جاۋاب كۆڭلۈمنى خېلىلا غەش قىلغانىتى. ئويلىنىپ قالغانىتىم، بىچارە دېھقان تارىختىن بېرى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىشكە بىرەر قېتىممۇ قادىر بولالماپتۇ. ھەر دائىم ئۇنىڭ باھاسىنى ئىستېمال قىلغۇچى - شەھەرلىكلەر بېكىتىپ كەپتۇ. ئاغزىغا كەلگەننى دەپ باھا قويۇپ كەپتۇ. دېھقان بىچارە بولسا، ئاشۇ خېلىلا كەمسۇندۇرۇلغان باھانى ئاڭلاپ «كەم بولا، كەم بولا» دەيدىكەنۇ، ئاخىر يەنىلا سېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئەگەر دېھقان مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىگە ياراشقۇدەك باھانى ئوتتۇرىغا قويسا، سېتىۋالغۇچى شەھەرلىك خۇددى ھېلىقى ھەزىلكەشلەر دورايدىغان «تاجىخان لەڭمەن» دەك «بېشىڭغا تېرىپ ئۆستۈرگەنمىدىڭ بۇ نېمەڭنى؟ ئاناڭنىڭ سۈتى، داداڭنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇرغانمىتىڭ بۇ نېمەڭنى؟» دەپ ۋارقىرايدىكەنىدە، بىر تالاي كەمسۇندۇرۇلۇپ، باھا بېكىتىشنى يەنە تارتىۋالىدىكەن... مەن ئاشۇلارنى ئويلاپ، ئاشۇ «چاغلاپ ئالسىلا...» دېگەن جاۋابقا مۇجەسسەملەنگەن ھەسرەت-نادامەتنى، ئاجىز-بىچارىلىكنى ئېنىق ھېس قىلغانىدىم، نېمىلەرنى دەيمىز؟ تارىخ ئاشۇنداق تەكرارلىنىپ كەپتۇ. ئىشلەپچىقارغۇچى

بىچارە، ئېلىپ ساتقۇچى ياكى ئېستىمال قىلغۇچى مۇتتەھەم بوپكەپتۇ. يېقىندا يەنە بازار ئارىلاپ قالدىم. بازار ئارىلىغان ئادەم ئەلۋەتتە تاۋارلارنىڭ باھاسىغا دىققەت قىلىدۇ-دە. ئوخشاشلا زاۋۇت-كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى كارتۇچكىلارغا يېزىلىپ، تاۋارلارغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئوخشاشلا، دېھقانلار ساتقىلى ئەكەلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يېزىپ قويۇلماپتۇ ۋە ئېسىپ قويۇلماپتۇ. يەنە سوراشتۇردۇم: «قانداق ساتتىلا؟»، «چاغلاپ ئالسىلا...» دەپ جاۋاب بەردى بەزىلەر. «چارىكى 27 يۈەن» دەپ جاۋاب بەردى گۈرۈچ ساتقۇچى. «كىلوسى 22 يۈەن» دەپ جاۋاب بەردى ياڭاق ساتقۇچى. كېيىنكىلەرنىڭ باھالىرىدا باھا ئېنىق، جايىدا، تېخى ئاۋازىدىن ئۆز مەھسۇلاتىغا، مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتىگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. «تارىخ ئۆزگىرىۋېتىپتۇ» دېگەن بىر پىكىر كاللامدىن يالت قىلىپ ئۆتتى.

مەن ئۈمىد قىلىمەن، ھەممە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا ئېنىق، جايىدا، مۇۋاپىق باھا قويالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھېلىقى جاۋاب بەرگۈچىنىڭ ئېلىپ ساتقۇچى دەللال ئەمەس، ھەقىقىي ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2006-يىل 3-نويابىر، خوتەن شەھىرى

## «دانىشمەنلەر نامرات بولىدۇ» توغرىسىدا

تونۇشلۇرۇمدىن بىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئۈرۈمچىدە ياش مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە سۆھبەتتە بوپتۇ. ياش مۇتەپەككۇر دوستلار ۋە تونۇشلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەن چېغى، تونۇشۇم نام-شەرىپى تىلغا ئېلىنغان دوستلارنىڭ بېيىپ-تىقىلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئارىدا نېمىشقىدۇر، ئۇنچىۋالا بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ نامراتلىقىدىن ۋايساپمۇ قويۇپتۇ. ياش مۇتەپەككۇر بۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپتۇ. تەسەللى ئېيتىش كېرەكتە، نامراتلارغا ھېچ بولمىغاندىمۇ تەسەللى ئېيتىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. ئۇ: «سۆھبىتىمىزدىن قارىغاندا، سىز ئىدېئولوگىيە، مەنىۋىيەت مەسىلىلىرىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىز. ئىدېئولوگىيە، مەنىۋىيەت مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار - يەنى دانىشمەنلەر ئومۇمەن نامرات بولىدۇ» دەپتۇ.

ئاشۇ تەسەللى ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز مېنى خېلى كۈنلەرگىچە ئويلاندۇرۇپ قويدى.

نامرات - ئەك تۆۋەن ماددىي ئېھتىياجى قانمىغان ئادەم، دانىشمەن - ئىدراكتا كامالەتكە يەتكەن ئادەم... دېگەندەك بىر تالاي ئېنىقلىما مېڭەمدە پىرقىرايتتى. ئېسىمگە يەنە تونۇلغان مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇننىڭ: «باي - مال-دۇنيادىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامراتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى كەلدى. پىكىرلىرىم گادىرماچلىشىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن گىلەم ئۆرۈشلىرىدەك چۇۋۇلدى. تۈگەنچەكلەرنى يېشىپ، ئۆرۈشلەرنى رەتلىگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھازىرغىچە ماددىيەتنى ئىگىلىيەلىگەنلەر باي، ئىگىلىيەلمىگەنلەر نامرات، دەپ قارىلىپ كەپتۇ. ئىدېئولوگىيە، روھىيەت، مەنىۋىيەت ۋە دۇنيانى تونۇش جەھەتتە چوڭقۇرلۇقنى ئىگىلىيەلىگەنلەر دانىشمەن، ئىگىلىيەلمىگەنلەر نادان، دەپ قارىلىپ كەپتۇ. ياش مۇتەپەككۇرنىڭ «دانىشمەنلەر نامرات بولىدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشى، ئۇلارنىڭ ماددىيەتنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىگە قارىتىلغانىكەن. مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇننىڭ سۆزى بولسا، بايلارنىڭ ئىدېئولوگىيە مەسىلىلىرىنى ئىگىيەلمىگەنلىكىگە قارىتىلغانىكەن. ۋاھالەنكى ئۇ، ئۇنىداقلارنى «نادان» دەپ بىۋاستە ئاتىماي، ماددىيەتنى ئىگىلىيەلمىگەنلەرگە قارىتىلغان «نامرات» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ، ئازراق يۈز-خاتىرە قىلىپ قويغانىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئوخشىمىغۇچى ئوخشىتىلغۇچىغا، ئوخشىتىلغۇچى ئوخشىمىغۇچىغا تەڭ بولمىسا، بۇنداق ئوخشىتىش قۇرۇلماي قالىدۇ ئەمەسمۇ. نامۇۋاپىق ئوخشىتىشقا كىم ئىشەنسۇن؟

ئەمەلىيەتتە باي-زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىك ئارىسىدىكى چەك-چېگرا بەكلا روشەن بولماسلىقى مۇمكىن. ئارىدا تۇتۇق قويۇۋېتىلگەن سىم توساق بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ئەمما باي بىلەن دانىشمەن ئارىسىدا راستىنلا كۆرۈنۈش جەھەتتە پەرق بولىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە باي-زەردارلاردىن كەم دانىشمەن چىققانلىقى، دانىشمەنلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجى تولۇق قانائەت تاپقۇدەك بېيىيالمىغانلىقى - بۇ سۆزىمىزگە دەلىل. ۋاھالەنكى، بۇ، بايلارنىڭ مەنىۋىيەتكە، دانىشمەنلەرنىڭ ماددىيەتكە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن. ھەر ئىككىلا تەبىقىدە ئۆزىدىكى كەم نەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈش - ئۇرۇنۇشلار بولغاندۇ. «تازىنىڭ كۆزى چاچتا» دەيدۇ ئەمەسمۇ كونىلار. ئەمما، ئاشۇ كۆڭۈل بۆلۈش - ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسا كېرەك. بايلىقتا ۋە دانىشمەنلىكتە ئوخشاشلا نەتىجە قازانغانلارنىڭ تولىمۇ ئاز بولغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل. بۇنى بىز ياراتقۇچى رىسقى-نېسىۋە تەقسىمگەندە، كۆچمە قۇمدەك ھەممىنىڭ بىر يەرگە دۆۋىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن

شۇنداق تەڭشىگەن دەپ چۈشەندۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان پاكىت.

قەدىر-قىممەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، باي بولۇپ دانىشمەن بولالماسلىق، ياكى دانىشمەن بولۇپ زەردار بولالماسلىق ئانچە نومۇسلۇق ھالەتمۇ ئەمەس. ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەممە ساھەدە تەڭلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەلپىنى قويغىلى بولمايدۇ. بىر ساھەدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىسا، ئۇ شان-شەرەپ تۆيغۇسى ۋە ئىشەنچكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ماناشۇ. بىز بۇ يەردە باي-زەردارلىق ۋە دانىشمەنلىكنىڭ ئەكسى تەرەپلىرىگىمۇ قاراپ ئۆتەيلى. باي-زەردارلىقنىڭ ئەكسى تەرىپى بولغان نامراتلىقنى نومۇسلۇق ھالەت دەپ ئېيتقىلى بولمىغاندەك، ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-، 30-. يىللىرىدىكى روسىيىدىكىدەك ياكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرىدىكى رايونىمىزدىكىدەك شەرەپلىك ئىش بولۇشىمۇ ناتايىن. جامائەت نامراتنى نومۇس قىل، دەپ ئەيىبلىمىگەن بىلەن، نامراتلىق نامراتنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ نومۇس تۇيغۇسى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھايات ئىشەنچىسىنى يوق قىلىدۇ، ئۇمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە خورلۇقتا قالدۇرىدۇ. نامراتلىقنىڭ يامان يېرى مانا شۇ. دانىشمەنلىكنىڭ ئەكسى تەرىپى - نادانلىق ھەققىدە ئارتۇق توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ نومۇسلۇق ھالەت. قەدىمدىن ھازىرغىچە شۇنداق بوپكەلدى. چوقۇمكى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. نادانلىق مەڭگۈ شەرەپلىك ھالەت بولالمايدۇ. نادانىنى جامائەت تۈگۈل ياراتقۇچىمۇ كەچۈرمەيدۇ.

باي-زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىكنىڭ تارىختىكى ئورنىغا قارايدىغان بولساق، بىزگە گويا يېزىق ۋە تارىخىي خاتىرىلەرگە يېقىن تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ۋە ياكى يېزىق ۋە تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك كېيىنكىسىنىڭ ئورنى ئالدىنقىسىدىن يۇقىرىراق بولغاندەك تەسىرات بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، باي-زەردارلارنىڭ مال-دۇنيالىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە نام-شۆھرىتى زامانىسىدىن بېرىگە، يىراق كېيىنكى زامانلارغا كەمرەك مەلۇم بولىدى. ئەكسىچە، دانىشمەنلەرنىڭ نام-شۆھرىتى زامان-زامانلاردىن ئۆتۈپ، دەۋران توساقلىرىدىن ھالقىپ بىزلەرگىچە يېتىپ كەلدى. باي-زەردارلارنىڭ مال-دۇنيالىرى، ئايرىم ئاسارىئەتىقىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زادىلا زامان ھالقىيالمىدى. ئەكسىچە، دانىشمەنلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە، روھىيەت، مەنىۋىيەت ۋە دۇنيا تونۇش ھەققىدىكى بىلىملىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جۇغلىنىپ كەلدى. ئەمما بۇلار

دانىشمەنلىكنىڭ باي-زەردارلىقتىن قىممەت ياكى تۆۋەن جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ماددىنى بىرلەمچى، ئاڭنى ئىككىلەمچى دەپ قارايدۇ ئەمەسمۇ؛ ئىدىيالىستىك پەلسەپە بولسا، ئاڭنى بىرلەمچى، ماددىنى ئىككىلەمچى دەپ قارايدۇ. ھەقىقەت نەدە؟ ھەقىقەت دىئالېكتىكىدا. «دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە باغلىنىشلىق» ئىكەنلىكىدە. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىرى-بىرىگە شارائىت ھازىرلايدۇ، بىرى-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. باي-زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىك ئوت بىلەن سۇدەك كەسكىن زىددىيەتلىك ھالەتتە ئەمەس. كۆپىنچە ھالدا بىر-بىرىنى قوللاش ھالىتىدە بولىدۇ. قوللاش قانچە ياخشى بولسا، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولىدۇ. قوللاش ئاجىز بولسا، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ كامالەتكە ئىنتىلىش سۈرئىتى ئاستىلايدۇ. ئىش شۇنداقكەن، تارىختىكى ئورنى نېمىشقا يۇقىرىقىدەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى؟ بۇ يەردىكى ئامىل ئاشۇ باي-زەردارلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان مال-دۇنيا ئىشلەتكەنسېرى خوراش ماھىيىتىگە، دانىشمەنلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان بىلىم بولسا، ئىشلەتكەنسېرى كۆپىيىش ماھىيىتىگە ئىگە. كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «پۇل پۇلنى تاپىدۇ»، «پۇل دوملىغانسېرى قار پومزىكىدەك چوڭىيىپ كۆپىيىدۇ» دېگەنلەر سودا سەرمايىسى ئۆستىدىكى گەپلەر بولۇپ، ئىستېمالغا دۇچ كەلگەن مال-دۇنيا توغرىسىدا ئەمەس، بىزنىڭ تارىختىكى ئۆتكەن باي-زەردارلارنى مال-دۇنياسىنى زادىلا ئىشلەتمىگەن دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. ئۇلار ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. كەيپ-ساپاغا، بالا-چاقىلىرىنى بېقىشقا، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىشكە ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مال-دۇنياسىنى ئىشلەتمىگەن باي، باي ئەمەس بىر پىخسىق ياكى ئاچ كۆز خەسىس. كىمكى مال-دۇنياسىنى ئىشلىتىدىكەن، ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ئۆز ماھىيىتىگە ئاساسەن تەدرىجىي خوراپ بارىدۇ ۋە ئاخىرىدا تۈگەيدۇ.

دانىشمەنلەرمۇ ئۆز دانىشمەنلىكىنى يەنى بىلىمنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ بىلىمنى ئىشلەتمىگەن بولسا، ئۇ دانىشمەن ئەمەس بەلكى كىتاب يۈكلەنگەن بىر ئېشەك ياكى ئۆزىنى دانىشمەن چاغلاپ قالغان بىر نادانىدۇر. ھەقىقىي دانىشمەن بىلىمنى ئىشلىتىدۇ. كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ. ئۇلارنى توغرا-دۇرۇس يوللارغا باشلايدۇ. ئۇلارغا ئالەمنى تونۇتىدۇ. تۇرمۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش - قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ بىلىمنى ئىشلەتكەنسېرى ئۇنىڭ بىلىمى ئۆز

ماھىيىتى بويىچە ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ بارىدۇ. بىز باي-زەردارلىقنى ۋە دانىشمەنلىكنى شەكىللەندۈرگۈچى تۈپكى ئامىللاردىكى ئاشۇ ماھىيەت، ئۇلارنىڭ تارىختىكى ئورنىدا ئاشۇنداق پەرقلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان دەپ خۇلاسە قىلىمىز.

باي-زەردارلار مال-دۇنياسىنى ئىستېمال ياكى سودا ئۈچۈنلا ئىشلەتمەي، ئۆزىنى تەربىيىلەشكىمۇ ئىشلەتسە، ئۇ دانىشمەنگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا دانىشمەنمۇ ئۆز بىلىمىنى دۇرۇس ئىشلىتىپ ماددىي يارىتىش جەريانىغا قاتناشتۇرسا، ئۇ باي-زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىك ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ئوت دېڭىزى يوق. قانداقلا بولمىسۇن، باي-زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىكنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا نۇسرەتلىك ھالەت بولۇپ، ئۇلارغا ئېرىشكۈچىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئوخشاشلا ھۆرمىتىمىزگە ئېرىشىشى كېرەك.

ياش مۇتەپەككۇرنىڭ تونۇشۇمغا تەسەللى ئۈچۈن ئېيتقان «دانىشمەنلەر نامرات بولىدۇ» دېگەن ھېلىقى سۆزى پەلەك چەرخى تەتۈر چۆرگىلەۋاتقان چاغلاردىكى قىسمەت ھالەتلەرگە تەنە قىلىپ ئېيتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ھالەتنى ھېس قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەتۈرلىكى بىلەن دائىم ئۆزىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە دەرد-ئەلەم پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ تولىراق «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنىڭ ئەلا» لىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم ھاۋايى مۇئەللەقتە ئەمەس، رېئال تۇرمۇشتا ياشايدۇ. ئۇ كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالدى بىلەن يېيىشى، ئىچىشى، كىيىشى كېرەك. ئەقەللىي ئېھتىياجى قانائەت تاپمىسا، ئاشۇنداق تەنىگە مەيدان ھازىرلىنىدۇ.

ياش مۇتەپەككۇرنىڭ سۆزى تەسەللى ئۈچۈن ئېيتىلغان، بۇ ماقالىمۇ تەسەللى ئۈچۈن يېزىلدى. ھەر قانداق ئادەم ئۆز ھالىتىدىن ئاغرىنىۋەرمەي بەلكى زۆرۈر دەپ قارىسا، ئالدى بىلەن ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشى كېرەك. ۋاھالەنكى، دانىشمەن ئۈچۈن دانىشمەنلىك يولىدىن ۋاز كېچىپ پۇل-بايلىقنىڭ ئارقىسىدىن چېپىش ھەر قانچە چاپان ياپقان ھالەتتىمۇ ئالىيجاناپلىق ئەمەس بەلكى چاكىنىلىق. بىز ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىش دېگەندە ھەرگىزمۇ بۇنى تەشەببۇس قىلمايمىز. بىزنىڭ بورىچىلىقنى تاشلاپ ھالۋىچىلىقتا ئۆتكەن بۇرادىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدە چاپاق كۆرگىمىز يوق.

2006-يىل 10-دېكابىر، خوتەن شەھىرى

# ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك

كىچىك بالىلار تەبىقىسىنىڭ ئانچە ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەيدىغان ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى، ئەكسى ھالدا، ئاجىزلار تەبىقىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىدۇر. ساماۋى كىتابلاردا ئادىللىق ساۋاب، ئادالەتسىزلىك گۇناھ دەپ كۆرسىتىلگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى كىچىك بولۇش بىلەن ئاجىز بولۇش نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىنمۇ، تارىختا ئادالەتنى مەدھىيىلەپ، ئادالەتسىزلىكنى سۆكمەيدىغان كىشىمۇ، پارتىيە-تەشكىلاتمۇ، مىللەت-قوۋمۇ، ئېتىقاد-مەسلەكمۇ بولغان ئەمەس. ھەتتا كىچىكلەرمۇ ئۆزىنىڭ داۋاملىق كىچىك بولۇشىغا ئىشەنچ قىلالمىغاندا، ئادالەت توغرىسىدا ۋارقىراپ قويىدۇ. ئاجىزلار بولسا، ئۇنى ئەلمىساقتىن بېرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلدى. كىچىكلەر تەبىقىسى ئېنىق ئايرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ مەسىلە مۇقەررەر ھالدا ھەممە كىشىنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرماقتا. شۇڭا بۇ ھەقتە ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇلاھىزىلەرنى قىلىشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەقلىلىق ئوقۇرمەنگە مەلۇم بولغانىدەك، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى تەڭ-باراۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى ئادالەت، تەڭسىزلىك-باراۋەرسىزلىكنىڭ ئىپادىسى ئادالەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. تەڭلىك-باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئادىل، تەڭسىزلىك-باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلغۇچى ئادالەتسىزلىك دېيىلىدۇ. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك كۆپ ھالدا تەقسىماتتا، مۇئامىلىدە يۈز بېرىدۇ. ھوقۇق-ئىمتىياز تەقسىماتى، شان-شەرەپ تەقسىماتى، ئورۇن-مەرتىۋە تەقسىماتى، دۇنيا-بايلىق تەقسىماتى، مېھىر-مۇھەببەت تەقسىماتى، ئىززەت-ھۆرمەت تەقسىماتى، ۋەزىپە-مەجبۇرىيەت تەقسىماتى ئۆز نۆۋىتىدە ئادالەتنى گەۋدىلەندۈرۈشىمۇ، ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا ئوخشاش بولمىغان گەپ-سۆز، سالام-سەھەت، ئالدى-بەردى، كەلدى-كەتتىدىكى يا ئىللىق، يا سوغۇق مۇئامىلىمۇ ئادالەت ياكى ئادالەتسىزلىكنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئادالەتنىڭ جارى بولۇشى قىيىنراق، ئادالەتسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئوڭايراق بولىدۇ. ئادالەتمۇ نىسپىي، ئادالەتسىزلىكمۇ نىسپىي بولىدۇ. ھەر ئىككىلىسى مۇتلەقلىققە يات، ئادالەتتىن مەمنۇن بولۇش كۆلكىسى ئۈنسىز، ئادالەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان داد-پەرياد جاراڭلىق بولغانلىقتىن ئالدىنقىسىدىن كېيىنكىسى كۆپ يۈز بېرىۋاتقاندەك، ئالدىنقىسىنىڭ

لەززىتى كېيىنكىسىنىڭ ئازابىغا تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك تەسرات قالدۇ.

تەشلىك ۋە تەشسىزلىككە ماس ھالدا ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىت بەك كەڭ، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى يەككە ئادەم ئۈچۈن مەۋجۇد ئەمەس. يەككە ئادەم ئۈچۈن تەقسىمات تەڭلىكى ۋە باراۋەرسىزلىكى قۇرۇلمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئەلۋەتتە ئەكس ئەتمەيدۇ. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى پەيدا بولۇشى كېرەك. ئۇ پەيدا بولىدىغان ئەڭ كىچىك سورۇن ئائىلە. كۆپ خوتۇنلۇق ياكى كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە مۇھەببەت تەقسىماتى، مېھىر تەقسىماتى، مال-مۈلۈك تەقسىماتى (يەنى ئاش-ئوزۇق، كىيىم-كېچەك، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر تەقسىماتى) ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋەزىپە-مەجبۇرىيەت تەقسىماتىمۇ ئۇنى پەيدا قىلىدۇ. ئاشۇ تەقسىماتلاردا تەڭ-باراۋەرلىك ئىشقا ئاشسا، ئائىلىدە ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئائىلە ئىناق، بەختىيار بولىدۇ. ئائىلە ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىدۇ. نۆۋەتتە تەقسىم قىلىنغان ئوبيېكت يەنىمۇ كۆپىيىدۇ. ئائىلىۋى تەقسىماتتا تەڭ-باراۋەرلىك ئىشقا ئاشمىسا، تەڭسىزلىك-باراۋەرسىزلىك كۆرۈلسە، ئادالەتسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئائىلە پارچىلىنىشقا يۈزلىنىدۇ، تەقسىملىنىدىغان نېمەت ئازىيىدۇ. بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ. ساماۋى كىتابلاردا كەلتۈرۈلۈشىچە، دۇنيادىكى تۇنجى ئائىلىدە خوتۇن تەقسىماتى زىددىيەت پەيدا قىلىپ، تۇنجى قېتىم قاتىللىق ۋەقەسى سادىر بولغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە مۇھەببەت تەقسىماتى باراۋەر بولمىغانلىقتىن ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى چۆل-جەزىرە (ھازىرقى مەككە مۇكەررەمە)گە تاشلىۋېتىش ۋەقەسى كېلىپ چىققان. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە مېھىر تەقسىماتى باراۋەر بولمىغانلىقتىن، چوڭ ئوغۇللاردا ھەسەت پەيدا بولۇپ، يۈسۈفنى 18 يارماققا سېتىۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن... ھازىرقى زامان ياكى يىراق زاماندىكى ئادەتتىكى ئائىلىلەردىن بۇنداق تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە مىساللىرىنى تالايلاپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. خېلى يىللار بۇرۇن XX ناھىيىسىنىڭ XX يېزىسىدا تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن. مەلۇم بىر ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇل دىنىي ئىلىم بويىچە ئوقۇۋېتىكەن. بەكلا ياخشى ئوقۇغانمۇ، ئائىلە باشلىقلىرى ئائىلىدىكى ئېسىل ئىمتىيازلارنى، ئەڭ ئىللىق مېھرىنى، ماختاش ۋە شان-شەرەپلەرنى ئۇنىڭغا تولۇق بەخشەندە قىپتۇ. ئىككىنچى ئوغۇل ئائىلىدە، ئېتىزدا، ھاشاردا ئىشلەيدىكەن (ۋەزىپە-مەجبۇرىيەت تەقسىماتى ئوخشاش ئەمەسكەن)، بار جاپانى تارتىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭغا

تەقسىملەنگەن ئىمتىياز ئاكىسىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن. مېھىر، ماختاش، شان-شەرەپ، ئىززەت-ھۆرمەتلەردىن بولسا نېسىۋىسىز ئىكەن. تېخى دوق-دەشنام، ھاقارەت، كەمسىتىش خورلاپ تۇرىدىكەن. ئىككىنچى ئوغۇل ئائىلىۋى تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. لېكىن يەنىلا چىداپ كەپتۇ. ئاكام ئۈچۈن جاپا تارتسام ئەرزىيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرىدىغان ئىش يەنىلا يۈز بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئائىلىدە ئوتتۇن يېرىۋاتقاندا، ئاتىسى ئۇنى «ئىشنى تېز قىلمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەپتۇ. دۆت-كالۋا دېگەندەك ئاق-قارا مۇشۇكلەرمۇ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. ئەمدى ئادالەتسىزلىككە زادىلا چىداپ تۇرالمىغان قارابىس، تەلۋە بالا غالجىرلىشىپ ئاتىسىنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پاجىئەنى كۆرۈپ، ئاللا-تووۋا قىچقىرىپ يۈگۈرۈپ چىققان ئۆگەي ئانىسى ۋە ھاممىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. كېيىن ئەمچەكتىكى ئۇكىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ...

بۇنداق تاش يۈرەك قاتىللى پەدەر ئەلۋەتتە قاتتىق جازالىنىشى كېرەك. ئەمما ئائىلىۋى تەقسىماتتا باراۋەرسىزلىكنى يولغا قويۇپ ئادالەتسىزلىك پەيدا قىلغان ئاتا-ئانىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇ ئەلۋەتتە خېلى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلە.

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئائىلە ئادىللىقى ياكى ئائىلە ئادالەتسىزلىكىنىڭ مەنبەسى - ئائىلىدىكى تەقسىماتتا. ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئائىلە باشلىقى ياكى ئائىلىدە ھوقۇق ئىگىلىگۈچىدۇر. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قان-قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ۋە تۇغقاندارچىلىق مېھرى چەكلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كۆپ ھالدا ئائىلىدە نىسپىي ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئائىلىدىكى تەقسىمات باراۋەرسىزلىكى بەكلا روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، پاجىئەلەرمۇ جىق يۈز بەرمەيدۇ. كۆپ ۋاقىتتا «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋاھالەنكى، بىز ئائىلىدىن ئىبارەت ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىكتىن ھالقىپ، رەسمىي تەشكىلىي ئىجتىمائىي بىرلىكلەرگە - مەھەللە جامائىتىدىن دۆلەت جامائىتىگىچە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇ يەرلەردە ئادالەتتىن كۆرە ئادالەتسىزلىكنى سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراق بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىتنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئاشۇ چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان مەھەللە-يۇرتداشلىق، مىللەت-قوۋمداشلىق، دىن-ئېتىقادداشلىق، ۋەتەنداشلىق، سىياسىي كۆزقاراش بىرلىكى، ئىدېئولوگىيە بىرلىكىدىكى يولداشلىق قاتارلىق ئامىللارنىڭ يېپىشتۇرۇش-ئۇيۇشتۇرۇش

كۈچى قان-قېرىنداشلىق ۋە تۇغقانچىلىق تۇيغۇسىغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز بولغانلىقتىن، جامائە ئىچىدىكى تەقسىماتلاردا، ھوقۇق ئىگىلىگۈچى، قازان بېشىدا تۇرغۇچى تەرەپنىڭ قان-قېرىنداشلىق، ئېتىقادداشلىق، يولداشلىق كۆمچىكە چوغ تارتىشى خېلىلا كۆپ ۋە روشەن كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلىپ، ئادالەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئائىلىدىكىگە ئوخشاشلا، چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكلەردىمۇ ئادالەت ياكى ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى شۇ بىرلىكتىكى ھوقۇق ئىگىلىگۈچىدۇر. تەڭسىزلىك-باراۋەرسىزلىككە ئۇچراپ، ئادالەت ياكى ئادالەتسىزلىك ھېس قىلغۇچى بولسا، شۇ ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدىكى ھوقۇق ئىگىلىگۈچى ھەر خىل تۈزۈم، تەرتىپ، قانۇنلارنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئۇنى ئېغىشماي ئىجرا قىلىپ، ئۆز قول ئاستىدىكى ئەزالار (ھەر قايسى تەبىقە، قوۋملار) ئارا تەقسىماتتىكى تەڭ-باراۋەرلىكنى نىسپىي ئىشقا ئاشۇرالىسا، بۇنداق ئىجتىمائىي جامائەدە نىسپىي ئادىللىق ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ. جامائە ئەزالىرى ئىناق-ئىتتىپاق بولىدۇ. جامائە گۈللىنىشكە، كۈچىيىشكە يۈزلىنىدۇ. ئەگەر نىسپىي تەڭ-باراۋەرلىك ئىشقا ئاشمىسا بۇ يەردە ئادالەتسىزلىك پەيدا بولۇپ، جامائە ئەمىن، پۇقرا جاتىرجەم بولالمايدۇ. نىزا-زىددىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. جامائە پارچىلىنىدۇ. جامائە ئەمگىكى چېكىنىشكە، خارابلىششقا يۈزلىنىدۇ. ئاشۇ چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان دۆلەت ھاكىمىيتى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئوخشاش قۇرۇلۇۋېرىدۇ. ھاكىمىيەت ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى تەڭ-باراۋەرلىكنى نىسپىي بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرالىسا، پۇقرالىرىنى ئادالەت ھېس قىلدۇرالىسا، بۇنداق دۆلەت گۈللەپ-ياشناپ، قۇدرەت تېپىشقا يۈزلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ھاكىمىيەت زاۋالغا يۈزلىنىپ، دۆلەت خارابلىشىدۇ. بىز ھەر قانداق دۆلەتنىڭ تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن بارلىق جېدەل-ماجرا، ئۇرۇش-توپىلاڭلارنى ئاشۇ ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرىمىز. ۋاھالەنكى، ھەر قانداق دۆلەت ھاكىمىيتى تەڭ-باراۋارلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىكنى چەكلەيدىغانلىقىنى جاكار قىلىپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا بەزى مۇناسىپ تەدبىرلەرنى يولغا قويىدىغان بولغاچقا، ئادالەتسىزلىكنىڭ گەۋدىلىنىشى ئائىلە جامائەسىگە ئوخشاشلا بەك ئوچۇق ۋە روشەن بولمايدۇ. تارىخىي ساۋاقلاردىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئادىللىق ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلمىغان، تەشۋىقات ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە

مەدھىيە ئوقۇتۇپ تۇرىدىغان ھاكىمىيەتلەر دەۋرىدە بولسا، كۆپلىگەن كىشى ئادالەتسىزلىكنى ئانچە ھېس قىلالمايدۇ. ھېس قىلالايدىغان، بىلىپ يېتەلەيدىغانلار ئاز سانلىق بولىدۇ. تارىختىن ۋە بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن كۆرۈپ تۇرماقتىمىزكى، قاچانكى مەلۇم ساندىكى كۆپچىلىك ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلىدىكەن، ئۇنداق يەردە نارازىلىق، غوت-غوت، جېدەل-ماجرا ئۈكسىمەيدۇ. ھەتتا ھاكىمىيەت ئالمىشىشقىچە بېرىپ يېتىدۇ. يېڭى تىكلەنگەن ھاكىمىيەتتە ھېلىقى جەريان يەنە داۋاملىق تەكرارلىنىدۇ. ئادالەتسىزلىك قانچە ئاز بولسا ۋە ئاشكارىلىنىشى قانچە كېچىكسە، ھاكىمىيەتنىڭ ھېلىقى ئۆمرى شۇنچە ئۇزىرايدۇ. ئەمما چوغنى پاختىغا ئوراپ ساقلىغىلى بولمىغاندەك، يۈز بېرىۋاتقان تەقسىمات تەڭسىزلىكى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان ئادالەتسىزلىكنىمۇ مەڭگۈ يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قايسى دۆلەتلەر تارىخىدا، مەيلى توپىلاڭ-قوزغىلاڭلار ئارقىلىق، مەيلى سايلام-تىنچ يول ئارقىلىق يۈز بېرىپ تۇرغان ھاكىمىيەت ئالمىششلار ئەنە شۇ مۇقەررەرلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەمدى بۇ يەردە، تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ تۈپ كېلىپ چىقىش، پەيدا بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە، جامائەلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرۇش كېرەك. بىر-بىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشقا ئىنتىلىش ۋە پۇل-مالغا، ئورۇن-مەرتىۋىگە، شان-شەرەپكە، مېھىر-مۇھەببەتكە، ئىززەت-ھۆرمەتكە تويماسلىق ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيەتلىرىدىن بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇ «ئاز شۈكۈر قىلىدىغان» قىلىپ يارىتىلغاچقا، ئۇنىڭدا شەخسىيەتچىلىك ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆپ ھالدا نەپسى ئەقلى ئۈستىدىن غالىب ھالەتتە بولىدۇ. مانا شۇ ماھىيەت ئۇنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن ھامان كۆپ ئىگىلىۋېلىشنى ۋە بار ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ قان-قېرىنداشلىق، قوۋمداشلىق، دىن-ئېتىقادداشلىق، ۋەتەنداشلىق، يولداشلىق كۆمچىگە چوغ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قىسىملارنىڭ كۆپ ئىگىلىۋېلىشى پەيدا بولغانكەن، ئەلۋەتتە باراۋەرسىزلىك يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئادالەتسىزلىك بولۇپ ھېس قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ھاكىمىيەتمۇ ئاشۇ كىشىلىك شەخسىيەتچىلىكنىڭ تۈپ ياكى جامائە شەخسىيەتچىلىكگە تەرەققىي قىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇ تۈپ شەخسىيەتچىلىكنىڭ قوغدىنىش كۆنلۈكى بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا، ئۇنىڭ ئىشلىرى تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىكتىن خالىي بولالىشى تەس. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا،

جامائە شەخسىيەتچىلىكى ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ مەنبەئى ھەم ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىز ئۆچۈر راۋانلاشمىغان دەۋرلەر ۋە قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەللەشمىگەن دۆلەتلەر ئەھۋالىغا بەكرەك ماس كېلىدۇ. قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەللەشكەن ئەھۋالدا، ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى باراۋەرلىك قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدىغان بولغاچقا، ئېغىر ئىجتىمائىي تەقسىمات باراۋەرسىزلىكى كۆپ كۆرۈلمەيدۇ ۋە بەكلا روشەن بوپكەتمەيدۇ. ئەگەر كۆرۈلىدىكەن، راۋانلاشقان ئۆچۈر-ئالاقە ۋە دېموكراتىيىلەشكەن جامائەت پىكرى قوراللىرى بۇنى دەرھال ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە تۈزىتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئىلمىزمۇ دېموكراتىيىلىشىش يولىنى بويلاپ كېتىۋاتقان دۆلەت بولغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەتبۇئاتلاردا، تورلۇك قۇرۇلتاي-يىغىنلاردا ئىجتىمائىي تەقسىمات باراۋەرلىكى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش خېلى زور دەرىجىدە ئومۇملاشتى. ھۆكۈمەتمۇ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. نۆۋەتتە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان «ئىناق جەمئىيەت («ماس جەمئىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنسا تېخىمۇ توغرا بولاتتى) بەرپا قىلىش» شوئارى شۇ تىرىشچانلىقلار جۈملىسىدىن، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىكى ھەر قايسى ساھەلەر (يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، 3-كەسىپ، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە باشقىلار) ئارا بىر-بىرىگە ماسلىشالايدىغان ھالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى كۆچلۈكلەر تەبىقىسى بىلەن ئاجىزلار تەبىقىسى، يۇقىرى كىرىملىكلەر (بۇلار كۆچلۈكلەر تەبىقىسىنىڭ 2-رەتتىكى ئەزاسى) بىلەن تۆۋەن كىرىملىكلەر، شەھەرلىكلەر بىلەن يېزىلىقلار، ئاق ياقىلىقلار بىلەن قارا ئىش قىلغۇچىلار... ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي تەقسىمات تەڭپۇڭسىزلىقىنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشمۇ «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»تىكى مۇھىم ۋەزىپە. بۇ يەردە پەرق بەك چوڭىيىپ كەتسە، باراۋەرسىزلىك دەرھال روشەنلىشىدۇ-دە، جەمئىيەت ئەزالىرىدا ئادالەتسىزلىك تۇيغۇسى كۈچىيىپ قالىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىغا، مۇقىملىقىغا پايدىسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە قويۇلىدىغان، دۇنيادا بىر تۇتاش ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي مۇقىملىق قانۇنىيىتىدە: بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان يۇقىرى كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئون ھەسسىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇنداق جەمئىيەت

مۇقىمسىزلىق دەۋرىگە قەدەم قويدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلگەن مۇقىمسىزلىق تەقسىمات باراۋەرسىزلىكى ۋە ئادالەتسىزلىكىگە بولغان نارازىلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، بۈگۈنكى دۇنيادا تەقسىمات باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش شوئارلىرى ئادالەت ۋە مۇقىم جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرى سۈپىتىدە توۋلانماقتا. ۋەھالەنكى، بىرەر ياخشى نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش بىلەن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش بۆلەك-بۆلەك ئىش بولغاندەك، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىمۇ پەقەت نىسپىيلا بولىدۇ. دېمەك، دۇنيادا ھەر قانداق شەيئى مۇتلەق ئەمەس نىسپىي بولغىنىدەك، جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنىڭ قانۇنىيىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا دەۋر تەقەززاسىغا مۇناسىپ نىسبەتەن باراۋەر ۋە ئادىل جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن قانۇنىيەتكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەستۇر. شۇڭا جەمئىيەت ئەزالىرى سەۋرچان، تىرىشچان بولۇشى كېرەككى، مۇتلەق باراۋەرلىك، ئادالەت ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر تەرەپلىمە ئارزۇ-ئۈمىدتە بولماسلىقى لازىم.

خەلقئارا جەمئىيەت دەپ ئاتىلىۋاتقان ب د ت، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيە ئورگىنى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قاتارلىقلاردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى مۇستەقىل، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر بولغانلىقتىن، بەزىدە ئۇ مەجبۇرلاش كۈچى ئاجىز بىر تالاش-تارتىش مۇنبىرى بوپقالىدۇ. ئۇ يەردە باراۋەرلىك ۋە ئادالەت شوئارى شۇنچە كۆپ توۋلانسىمۇ، ئىشلارنىڭ نەتىجىسى بەزىدە دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر كۈتكەندەك چىقماي يەنىلا باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك بولۇپ نەتىجىلىنىپمۇ قالىدۇ. قوش تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئادالەت ئورنىتىش ئۇرۇنۇشلىرى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ چەكلەش كۈچى پەقەت ئەخلاقىي جەھەتتىلا بولىدۇ. شەرتنامە تۈزۈملىرىنى مەجبۇرلاش يولى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتلەردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئۇنى بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ قوغدايدىغان بولغاچقا، تارىختا شەكىللىنىپ قالغان كۈچ-قۇدرەت جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك ئوڭايلا ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. ئاجىزلار ئامالسىز قالىدۇ. ئۆز دۆلەت مەنپەئىتىگە پايدىسى بولمىسا، ھەققانىيەتنى قايرىپ قويغان بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە

ياردەم بەرمەيدۇ. دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادىكى ھەرىكىتى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىلى-خىلى ھەققانىي ئىشلارنىمۇ سېتىۋېتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ مىساللار ساماندەك. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلمىشلار ئەك مەخپىي كېلىشىملەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىز ئاساسەن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خوجىسى بىز دەپ ئويلاۋاتقان غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە ماس كېلىدۇ. خۇلاسە شۇكى، كۈچلۈكلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان خەلقئارا جەمئىيەتلەرنىڭ ئادالەتتىن ئۈمىد كۈتۈش، خام-خىياللاردا بولۇش ئاجىزلار ئۈچۈن كۆپ ھالدا بىھۇدىلىك بوپقالىدۇ.

ھېچقانداق بىر ساماۋى كىتابتا ۋە ياكى پىشقان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ دۇنيادا زۇلۇمنىڭ تۈگەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغىنىدەك، باراۋەرلىك، ئادالەت دېگەنلەرنىڭ مۇتلەق تىكلىنىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا ۋەقەلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھاسىل كالام: «ھەدىس شەرىف» تە ئېيتىلغاندەك «ياراتقۇچىغا ئىشەن، ئەمما تۆگەڭنى مەھكەم باغلا.» (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2007-يىل 2-سان

كومپيۇتېرغا بېسىپ تەييارلىغۇچى: مەنزىل ئېلكىتاب گۇرۇپپىسىدىن رۇقىيە

# مەنزىل

ئىلىم ـ ھېكمەت چوڭلىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز،
بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان.
ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟
ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟

## مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz menzilbiz@163.com